# ئىسلامدا ئەقىل ئۇقۇمى

ئەقىل شەرىئەتنىڭ بىر قىسمى؛ مۇكەممەل شەرىئەت بولمىغان يەردە ئەقىل بولمىغىنىدەك، مۇكەممەل ئەقىل بولمىغان يەردىمۇ شەرىئەت بولمايدۇ. شەرىئەت، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەقىل دېگەن نېمە؟

قەدىمكى ئىسلام ئالىملىرى ئەقىلنى تەبىئىي بار بولغان ئەقىل ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئېرىشىلگەن ئەقىلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىغان ئىدى. تەبىئىي بار بولغان ئەقىل ئىدراك، چۈشىنىش، ئىشلارنى تەبىئىيلا ياخشى ئورۇنداش قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارنى كۆزدە تۇتاتتى. مانا ماقالىمىزنىڭ تۈپ تېمىسى.

تەبىئىي ئەقىل شەرىئەت بەلگىلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ نىگىزى. ئەقىلسىزلارغا شەرىئەتتە مەسئۇلىيەت يوق. كىمكى بىر قىسىم ئەقلىي قابىلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئۇ قېلىپ قالغان تەبىئىي قابىلىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ.

ئەقىل بېرىلگەن، ئەمما ئۇنى ساغلام ئىستىمال قىلالمىغان، پرىنسىپلىرىغا چىن ئەمەل قىلمىغان كىشىلەر دىننى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئەقلىنى ئىختىيارى ھالدا ئىشلەتمىگەن بولغاچقا، دىننى چۈشەنمىگەنلەر، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەر قاتارىدا جازالىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق كىشى پەقەت الله نىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، (الله نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى الله ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ»[1]

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئەقىل يۈرگۈزمىگەنلەرگە بېرىدىغان جازاسى بىلەن ئىسلامنىڭ رىسالىسىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ جازاسىنى ئوخشاش قىلىپ بەلگىلىگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «الله كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، الله كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى الله مۇشۇنداق ئازابلايدۇ»[2]

قۇرئان كەرىمدە، ئەقىلنىڭ چۈشىنىش ۋە ئەقىل يۈرگۈزۈش مەقسەت قىلىنغان شەيئىنىڭ تۈرىگە ئاساسەن بىر نەچچە خىل مەنىلىرى بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1ـ كالامنى (سۆزنى) چۈشىنىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!دەۋەتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم الله نىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى»[3]، «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق»[4] يەنى قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچە قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بۇ تىلدا سۆزلەۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

2ـ سۆزدە قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بولماسلىقى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنى ئۆزەڭلارنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟) ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولدى. (سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىگىنى) چۈشەنمەمسىلەر؟»[5] ئىبراھىم يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا (خىرىستىيان) ئىدى دېگەن كىشى گويا ئىبراھىم يەھۇدىيلىقتا ياكى ناسارالىقتا تەۋەلىكتە ۋۇجۇدى مۇقەددەم ئىدى، لېكىن ئۇ ئىككىسىگە كېيىن يېتىشۋالغان دېگەن كىشىگە ئوخشاش ئىدى. بۇ نوقتا ئاللاھ تائالانىڭ مونۇ ئايىتىدە يورىتىلىدۇ: «ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى، ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «الله ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە - پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا -بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) الله (نازىل قىلدى)». ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئوينىپ يۈرسۇن»[6] ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ”بىز مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىمىز“ دەپ بىلجىرلايدىغان يەھۇدىلارغا قارىتىلغان؛ يەنى ئايەت كەرىمە ئۇلارغا ”سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدى، دەپ بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھېچ نەرسە نازىل قىلمىغان دېگەن سۆزىڭلار بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەسمۇ؟“ دەۋاتقاندەك تويغۇ بېرىدۇ.

دەلىل ۋە ھۆججەتلەرنى چۈشىنىش ياكى ئاڭقىرىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈككە قوللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ بارىدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر)دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتىنىڭ الله غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىدۇڭلار؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان

قىلىمىز»[7]، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر الله ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى(يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، الله مۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن ) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن»[8]

سۆزنىڭ ئەمەلگە ئويغۇن بولىشى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر»[9] شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن»[10]  ئەمما بۇ يەردىكى قارىمۇ قارشىلىقلارنى توغرىلاش ئەمەلنى سۆزگە ئويغۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئەيىبلەش ياخشىلىققا بۇيرۇشقا ئەمەس،بەلكى، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا قارىتىلغاندۇر. چۈنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ياخشى ئىش، ئۇنىڭغا چاقىرغۇچىلارنىڭ ئەمەل قىلماسلىقى ئۇنىڭدىكى گۈزەللىككە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بىر كىشى بىرسىنى ئىخلاسمەنلىككە چاقىرىشى مۇمكىن، گەرچە ئۆزى ئىخلاستىن يىراق بولسىمۇ. ئەۋلادلىرىنى تاماكا چەكمەسلىككە ياكى ھاراق ئىچمەسلىككە دەۋەت قىلغان كىشى (گەرچە ئۆزى شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسىمۇ) ئۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىپلا بولدى قىلغان ياكى ئۇلارنى توسمىغان كىشىگە قارىغاندا ياخشىدۇر.

3ـ ماددى ياكى مەنىۋى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مەنپەئەتلىك ئىشلارنى تاللاپ، زىيانلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش: بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟»[11] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟»[12]

4ـ نەق كىلىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئازراق پايدىنى يىتىپ كىلىشى كۈتىلىۋاتقان چوڭ مەنپەئەتكە قۇربان قىلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر،چۈشەنمەمسىلەر؟»[13] بۇ ئايەتنى يەنە باشقا ئەقلىنىڭ زىكرى كەچمىگەن بىر

قىسىم ئايەتلەرمۇ كۆچلەندۇرىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا هاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا هاياتىدىن بەهرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر»[14]

5ـ هادىسىلەردىن توغرا ئىبرەتلەرنى ئېلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «چۈشۈنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئىبرەت قىلىپ)ئۇنىڭدىن (يەنى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزلىرىدىن) روشەن نىشانىنى ھەقىقەتەن قالدۇردۇق»[15]

6ـ تارىختىن ئىبرەت ئېلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاهالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەهيى قىلدۇق، ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر»[16]

7ـ كائىناتتا ئالاقىدار ئايەتلەرنىڭ كۆرسىتىش ئوبيېكتلىرىنى بىلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن هايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر»[17] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اللە سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ اللەنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار»[18]

8ـ كىشىلەرگە، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش: «شۈبهىسىزكى، سېنى هۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر»[19] يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەقلىي قۇدرەتلىرىدىندۇر. بۇنى هەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەقىلگە ئاداش بولماسلىق ئەقىلسىزلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىدۇ. يوقىرىقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش قىلمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ كۆپايە.

ئەمما شۇ نەرسىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىلگە دائىر بايانلىرى ئەقىل سۆزى كەلگەن ئايەتلەرگىلا خاس ئەمەس. قۇرئان كەرىمدە يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قۇدرەتلىرىگە ئىشارە قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىي ئۆلچەم ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئايەتلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان....

ئاللاھ تائالا بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئەقىللىرىمىزنى توغرا ھەقىقەتكە يېتىش يولىدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلسۇن.

[1] يۇنۇس سۈرىسى 100- ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 125- ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 75- ئايەت.

[4] يۈسۈف سۈرىسى 2- ئايەت.

[5] ئال ئىمران سۈرىسى 65- ئايەت.

[6] ئەنئام سۈرىسى 91- ئايەت.

[7] رۇم سۈرىسى 28- ئايەت.

[8] يۇنۇس سۈرىسى 16- ئايەت.

[9] بەقەرە سۈرىسى 44- ئايەت.

[10] ھۇد سۈرىسى 88- ئايەت.

[11] ئەنئام سۈرىسى 32- ئايەت.

[12] ئەنبىيا سۈرىسى 10- ئايەت.

[13] قەسەس سۈرىسى 60- ئايەت.

[14] تەۋبە سۈرىسى 38- ئايەت.

[15] ئەنكەبۇت سۈرىسى 35- ئايەت.

[16] يۈسۈف سۈرىسى 109- ئايەت.

[17] بەقەرە سۈرىسى 164- ئايەت.

[18] نەھل سۈرىسى 12- ئايەت.

[19] ھۇجۇرات سۈرىسى 4- ئايەت.